# 23301 ـ كىچىك بالىنىڭ جىنازا نامىزى توغرىسىدا

## سۇئال

سەككىز ياشلىق بالا ۋاپات بولسا، يۇيۇپ كېپەنلىنىپ، نامىزى ئوقۇلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا. ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا كىچىك بالىمۇ يۇيۇپ كېپەنلىنىپ نامىزى ئوقۇلىدۇ، ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭدا ھېچ ئىختىلاپ يوق". ئىبنى مۇنزىر: كىچىك بالىنىڭ نامىزى ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئىجماسىنى نەقىل قىلغان. ["ئەلمۇغنى" 3–توم 458–بەت].

كىچىك بالىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىنمايدۇ، ۋە دۇئادا: ئەي ئاللاھ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن دېيىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا تېخى گۇناھ يېزىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن رەھمەت ـ مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىنىدۇ. بۇ توغرىدا مۇغىرە بىن شۆبە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىچىك بالىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن رەھمەت ـ مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىنىدۇ». [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3180–ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى1031–ھەدىس. شەيخ ئەلبانى جىنازا ھۆكۈملىرى 73–بەتتە سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.